ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# تاغ جىلغىسىدىكى ئەڭ گۈزەل چارۋىچىلىق تېخنىكى

—— ماناس ناھىيەلىك ھايۋانات كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ كېڭەيتكۈچى تەتقىقاتچىسى يىن چىباۋ توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز گې يۈجۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز شۈ ۋەنلى

بىر ئاساسىي قاتلام چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئېرىشكەن شان ـ شەرەپنى «ئالتۇندەك چاقناپ تۇرىدىغان شەرەپ» دېيىشكە بولىدۇ: مەملىكەت بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مول ھوسۇل تۆھپە مۇكاپاتى، دۆلەت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش، دېھقانلارغا نەپ يەتكۈزۈش باشلامچىسى، ئاپتونوم رايون بويىچە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس قاتارلىقلار. بۇ شان ـ شەرەپلەرنىڭ ئارقىسىدا، ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا 37 يىل يىلتىز تارتىپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغانلىقى بار. ئۇ دەل يىن چىباۋ بولۇپ، ماناس ناھىيەلىك ھايۋانات كېسەللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ كېڭەيتكۈچى تەتقىقاتچىسى، «جۇڭگو سافۇك قويى»نىڭ ئاساسلىق كۆندۈرۈپ يېتىشتۈرگۈچىسى.

## ■ پېشقەدەملەرگە ئەگىشىپ قەيسەرلىكنى ئۆگىنىش

«بۇ مەزگىلدە تاغلىق رايوندا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ، ئوت ـ چۆپلەردە شەبنەم كۆپ بولىدۇ، شەبنەم قۇرۇغاندىن كېيىن ئاندىن چارۋا بېقىپ، سافۇك قويىنىڭ ئاغرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.» 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ماناس ناھىيەسى شىنئاۋ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ نەنسەن چارۋىچىلىق مەيدانىغا جايلاشقان نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش بازىسىدا، يىن چىباۋ بىر تەرەپتىن، قويلارنىڭ بەدىنىدىكى ئالامەتلەرنى تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن، باقمىچىلارغا دىققەت قىلىدىغان ئىشلارنى تاپىلاۋاتاتتى.

1982 ـ يىلى چارۋىچىلىق رايونىدا خىزمەت قىلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە، يىن چىباۋ ئىزچىل چارۋىچىلىق رايونىدا تۇرۇپ، زېھنىنى چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. «ئەلا نەسىللىك سافۇك گۆش قويىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىغانلىقىمدىن ھەم بەخت ھېس قىلدىم، ھەم رازى بولدۇم» دېدى ئۇ.

1982 ـ يىلى، 20 ياشتىن ئەمدىلا ئاشقان يىن چىباۋ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى (ھازىر شىخەنزە داشۆسىگە قوشۇۋېتىلدى)نىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، ماناس ناھىيەسىدىكى ئەڭ چەت، يىراق نەنسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ ناھىيە بازىرىدىن 60 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاغلىق رايوندىكى نەسىللەندۈرۈش پونكىتىغا نۇقتىدا تۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ، پېشقەدەم چارۋىچىلىق تېخنىكلىرى بىلەن بىللە قويىنى سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇ بۇ يەردە شۇ تۇرغانچە ئىككى ئاي تۇردى.

كۈندۈزى يىن چىباۋ پېشقەدەم چارۋىچىلىق تېخنىكلىرىغا ئەگىشىپ تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ قويلارنى نەسىللەندۈرەتتى، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئالاتتى ۋە داۋالايتتى؛ كەچلىرى كىرسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا ماتېرىياللارنى رەتلەيتتى.

«پېشقەدەم ئۇستازلارنىڭ يىلمۇيىل تاغ ـ داۋانلاردىن ئېشىپ نەسىللەندۈرۈش، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش بىلەن بىر ئۆمۈر شۇغۇللانغانلىقىنى كۆردۈم، ئۇلارنىڭ جاپاغا چىداش روھى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، يەرلىك چارۋىچىلار بىزگە موھتاج، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بۇ يەردە قېلىپ ئۇزاق مۇددەت ئىشلىشىمدىكى سەۋەب» دېدى يىن چىباۋ.

## ■ تاغ جىلغىسىدا يىلتىز تارتىپ «سافۇك» قويى يېتىشتۈرۈش

1989 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق نازارىتى ئاۋستىرالىيەدىن 271 تۇياق سافۇك گۆش قويى نەسلىنى كىرگۈزدى. شۇ يىلى، سافۇك نەسىللىك گۆش قويى بازىسى ماناس ناھىيەسىنىڭ نەنسەن چارۋىچىلىق مەيدانىدا قۇرۇلدى ھەم يىن چىباۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆپەيتىشكە تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يىن چىباۋ خىزمەتداشلىرىنى باشلاپ قوي پادىلىرىنى ھەيدەپ، ئەتىيازلىق، يازلىق يايلاقلاردا يۈرۈپ، قامچىسنى شۇ پۇلاڭلاتقىنىچە 25 يىلنى ئۆتكۈزدى.

«يايلاق كۆچكەندە، بەزىدە 60 ـ 50 كىلومېتىر تاغ يولىدا پىيادە ماڭاتتۇق، بەزىدە ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتىشمەي ئاچ قالاتتۇق، قانچە جۈپ ئايىغىمنىڭ ئۇپراپ يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن» دېدى يىن چىباۋ ئەسلەپ.

سافۇك گۆش قويى كىرگۈزۈلگەن تۇنجى يىلى، نەسىللىك قويلارنىڭ بەزىلىرى كېسەل بىلەن يۇقۇملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ تۇياق نەسىللىك قوي ئۆلدى. ماناس ناھىيەسى باۋمۇفېڭ چارۋا ـ ئۆي قۇشلىرى يۇقۇملۇق كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تېخنىكا مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىمى ۋاڭ شيەندې ئەسلەپ مۇنداق دېدى: «ئەينى چاغدا قانداق كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە، كۆپچىلىك ئادەم بىلەن چارۋىنىڭ گىرەلىشىپ يۇقۇملىنىشىدىن قورقۇپ، ھېچكىم يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇكۇلىنى ئۇرۇشنى خالىمىدى، يىن مۇئەللىم باشلامچىلىق بىلەن سىناق قىلغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئاندىن قول سېلىپ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا باشلىدى».

كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئەمدىلا ھەل قىلىنىشىغا، قوينىڭ كۆپىيىشىدە مەسىلە كۆرۈلدى. سافۇك گۆش قويى شۇ جاينىڭ مۇھىتىغا ماسلىشالمىغانلىقتىن، بەزى قويلاردا تۆللەش مەزگىلى قالايمىقانلىشىش، ھەتتا تۆللىمەسلىك ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بۇ قىيىن مەسىلە ئالدىدا يىن چىباۋ فىزىكىلىق، دورا ئارقىلىق قايتا ـ قايتا سىناق قىلىپ، ئەڭ ئاخىر سافۇك گۆش قويىنى «ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم تۆللىتىش» يۇقىرى چاستوتىلىق كۆپەيتىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى.

1992 ـ يىلى يىن چىباۋ شەرەپ بىلەن پارتىيەگە كىردى.

## ■ «سافۇك» قويىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈرۈش

ماناس ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىي قىسىم تاغلىق رايونىدا تۆت پەسىلنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، پەسىل ئالماشقاندا چارۋىلاردا كېسەل كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھەر قېتىم پەسىل ئالماشقاندا، يىن چىباۋ نەچچە كۈندە بىر دورا ساندۇقىنى يۈدۈپ، چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ، چارۋىلارنىڭ بەدىنىدىكى ئالامەتلەرنى تەكشۈرىدۇ، يەرلىك چارۋىچىلار ئۇنى ئەڭ ئىشەنچلىك «يالاڭ ئاياغ چارۋىچىلىق تېخنىكى» دەيدۇ. ماناس شىنئاۋ چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ تېخنىكىغا مەسئۇل فىرما باشلىقى جاۋ يۈچاڭ مۇنداق دېدى: «نەسىللىك قوي فىرمىسىنىڭ نەسىل يېتىشتۈرۈش پىلانى، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يىن چىباۋ بىزگە تۈزۈپ بەرگەن، ئېھتىياجىمىز بولسىلا، تېلېفون بەرسەكلا ئۇ كېلىدۇ».

2003 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، خوتۇنى ۋاڭ لەننىڭ بۆرەك ـ يۈتقۇنچاق راكىغا گىرىپتار بولغانلىقى ئېنىقلاندى، كېسەلگە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان كۈنى، يىن چىباۋ «قوي قوشۇنى»نى باشلاپ پىيادە يايلاق كۆچۈۋاتاتتى. دىياگنوز قويۇلغاندىن تارتىپ 2008 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر، ھەر قېتىم خوتۇنى دوختۇرخانىدا يېتىپ ئېرىنىڭ ھەمراھ بولۇشىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغاندا، يىن چىباۋ ھەمىشە سافۇك نەسىللىك قويىنى كۆپەيتىش بىرىنچى سېپىدە ئالدىراش يۈردى.

كۆپ يىللىق يەرلىكتە كۆندۈرۈپ يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق سافۇك گۆش قويى ماناس ناھىيەسى ھەم ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ گۆش قويى كەسپىدىكى يېتەكچى نەسلىگە ئايلاندى، ماناس ناھىيەسىمۇ سافۇك گۆش قويىنىڭ «بىرىنچى دەرىجىلىكنى ساپ كۆپەيتىش، ئىككىنچى دەرىجىلىكنى كېڭەيتىپ كۆپەيتىش، ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن شالغۇتلاشتۇرۇپ پايدىلىنىش»تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى بەرپا قىلدى. 2013 ـ يىلى، ماناس «جۇڭگو سافۇك قويى يۇرتى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىلتىماس قىلدى ھەم «جۇڭگو سافۇك قويى» ماركىسىنى روييخەتكە ئالدۇرۇش ۋە ماناس سافۇك قويى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇشنى تاماملىدى. بۈگۈنكى كۈندە ماناس ناھىيەسى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ سافۇك نەسىللىك گۆش قويى بازىلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سافۇك نەسىللىك قويىدىن 8000 تۇياقتىن كۆپرەكنى كېڭەيتتى.

«ئۆزۈم يېتىشتۈرگەن ئەلا سۈپەتلىك گۆش قويى نەسلىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئارقا ـ ئارقىدىن كېڭەيتىلىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنى كۆپەيتىپ بېيىتقانلىقىنى كۆرۈش ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش» دېدى يىن چىباۋ.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالىنى سىناق تەرىقىسىدە بېرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى بېرىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسى، تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى قارىشىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاۋا مۇداپىئەسى ئېڭىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى سائەت 12 دە پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى نۇقتىلىق شەھەرلىرىدە بىرتۇتاش ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى بېرىشنى بېكىتتى. ئالاقىدار ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىمىز:

### بىرىنچى، سىگنال بېرىش ۋاقتى

2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 12:00دىن سائەت 12دىن 19 مىنۇت ئۆتكىچە.

### ئىككىنچى، سىگنال بېرىش تۈرى

ئالدىن سىگنال: 36 سېكۇنت بېرىلىپ، 24 سېكۇنت توختايدۇ، ئۈچ قېتىم تەكرارلاش بىر دەۋر قىلىنىدۇ (ۋاقتى ئۈچ مىنۇت)؛

ھاۋا ھۇجۇمى سىگنالى: ئالتە سېكۇنت بېرىلىپ، ئالتە سېكۇنت توختايدۇ، 15 قېتىم تەكرارلاش بىر دەۋر قىلىنىدۇ (ۋاقتى ئۈچ مىنۇت)؛

سىگنالنى بىكار قىلىش: ئۇدا ئۈچ مىنۇت سىگنال بېرىلىدۇ.

ھەربىر تۈردىكى سىگنالنىڭ ۋاقىت ئارىلىقى بەش مىنۇت بولىدۇ.

### ئۈچىنچى، سىگنال بېرىش دائىرىسى

ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، قاراماي شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، كورلا شەھىرى، چۆچەك شەھىرى، قۇمۇل شەھىرى، تۇرپان شەھىرى، ئاقسۇ شەھىرى، قەشقەر شەھىرى، بورتالا شەھىرى، خوتەن شەھىرى، ئاتۇش شەھىرى، ئالتاي شەھىرى، شىخو شەھىرى.

بارلىق پۇقرالار خەلق ھاۋا مۇداپىئە سىگنالى تۈرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە پىششىق بىلىشكە دىققەت قىلىپ، نورمال تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەت تەرتىپىنى ساقلىشى كېرەك.

**شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى**
**2019 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى**

# ئاتقا مىنىپ مەكتەپكە بېرىشتىن شەھەرگە كىرىپ ئوقۇشقىچە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىق سەۋەبىدىن ئوقۇشتىن قالغان، بالدۇرلا تۇرمۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان ئاكا، ئاچىلىرىغا ئوخشىمايدىغىنى، گۈلئاشار مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ باشقۇرۇش «نۆۋەتچى پويىزى»غا ئۇلگۈردى، 1 ـ يىللىقتىن باشلاپ، ناھىيە بازىرىدا ئوقۇدى، بۈگۈنكى كۈندە، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان، نەتىجىسى ئەلا بولغان گۈلئاشار رايون ئىچى تولۇقسىز سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئارزۇسى كېيىن «ئىچكىرى رايوندىكى ياخشى داشۆدە ئوقۇپ، چوڭ شەھەرلەردە قېلىپ تىرىشىپ ئىشلەپ، ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ دۇنيانى ئايلىنىش»تىن ئىبارەت.

دۆلەت ۋە شىنجاڭنىڭ مەبلەغ ۋە سىياسەت جەھەتتە مايىللاشتۇرۇشىنىڭ تۈرتكىسىدە، 2014 ـ يىلى، ئاقتۇ ناھىيەسى تەدرىجىي ھالدا پامىر ئېگىزلىكىدىكى تۆت چەت، يىراق تاغلىق يېزا ـ بازارلارغا تارقالغان 63 ئوقۇتۇش نۇقتىسىنى بىرلەشتۈرۈپ مەكتەپ قۇرۇپ، مەركەزلەشتۈرۈپ مەكتەپ باشقۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدا كىچىك ئاقتېرەك باشلانغۇچ مەكتىپىنى قۇردى. گۈلئاشارغا ئوخشاش، نۆۋەتتە، چەت، يىراق تاغلىق رايوندىن كەلگەن 3181 نەپەر دېھقان ـ چارۋىچى پەرزەنتى، كۆپ ۋاستىلىك دەرسخانا، ئېلېكترونلۇق رويال دەرسخانىسى، كاۋچۇك ياتقۇزۇلغان يۈگۈرۈش يولى قاتارلىق زامانىۋى ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى تەل بولغان بۇ مەكتەپتە ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ %70تىن كۆپرەكى چېگرا قوغدىغۇچىسى بولۇپ، يىل بويى تاغلىق رايوندا چېگرانى چارلاپ، چارۋا باقىدۇ.

37 ياشلىق ھەسەنئەلى ئوبۇلقاسىم 2014 ـ يىلى بالىلارغا ئەگىشىپ بىرلىكتە تاغدىن چۈشۈپ، كىچىك ئاقتېرەك باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى، ئۇنىڭ مۇخبىرلارغا دېيىشىچە، بۇلۇڭكۆل يېزىسىنىڭ چاقىراق كەنتى ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەچكە، بىرقانچە يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى بىر دەرسخانىدا دەرس ئاڭلايدىكەن، ئاز بولمىغان ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى بىرقانچە سائەتلىك تاغ يولىنى بېسىپ مەكتەپكە كېلىدىكەن. قىش پەسلىدە قېلىن قار تاغ يولىنى ئېتىۋالسا، ياز پەسلىدە دائىم كەلكۈن كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىكەن. بەزىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار بالىلارنى يۈدۈپ جىددىي ئېقىۋاتقان كەلكۈن سۈيىنى كېچىپ مەكتەپكە ئەكىلىدىكەن، ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىكەن.

بۈگۈنكى كۈندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقدىرىنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ھەسەنئەلى ناھايىتى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى نۇرغۇن بالا يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ، ئائىلىسىگە قايتىپ پادا باقاتتى ياكى ياتلىق بولاتتى، ئەۋلادمۇئەۋلاد نامراتلىق تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايتتى. ھازىر بالىلار تېخىمۇ كۆپ تاللاشقا ئىگە بولدى، ئەلا سۈپەتلىك مائارىپنى قوبۇل قىلالايدىغان بولدى، بىلىم ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى».

كىچىك ئاقتېرەك مەكتىپى يېقىنقى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپى تەرەققىيات سەۋىيەسىنىڭ ھالقىما شەكىلدە ئۆسكەنلىكىنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، چەت، يىراق، نامرات رايونلارنى سىياسەت ۋە مەبلەغ جەھەتتىن قوللاش سالمىقىنى ئۆزلۈكسىز زورايتىپ، يېزىلاردىكى ياتاقلىق مەكتەپ قۇرۇلۇشى، «يېزىلاردا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ياخشىلاش پىلانى»، مەخسۇس تەربىيە ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرى، ئالاھىدە ئىش ئورنى ئوقۇتقۇچىلىرى پىلانى، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مائارىپقا ياردەم بېرىشى قاتارلىق بىر قاتار مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، يەرلىكنىڭ «يۇمشاق، قاتتىق ماتېرىيال» دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپى تەرەققىياتىغا «تىرەك» بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نەچچە مىليون ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىسىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى تەمىنلىگەن ئەڭ يېڭى ئىستاتىستىكا سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، پەقەت ئۆتكەن بىر يىلدىلا، شىنجاڭ جەمئىي 4 مىليارد 870 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، «نامرات رايونلاردىكى مەجبۇرىيەت مائارىپى ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ ئاساسىي مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلاش» ۋە «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ مائارىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويغان، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 3 مىليارد 350 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، شۇ جاينىڭ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ياخشىلىغان.

دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىياسىتى ئېلىپ كەلگەن «پايدا»نىڭ ئۆزلۈكسىز ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تېز ئۆرلىدى. بۇلتۇر يىل ئاخىرىغا قەدەر، جەنۇبىي شىنجاڭدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى %99.89كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ساپ نىسبىتى %99.6كە، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىغا ئۆرلەپ ئوقۇش نىسبىتى %98.6كە يەتتى.

مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامراتلىقنىڭ ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ يەنە ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن، تۆۋەن كاپالەتلىك، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ـ بېقىش بويىچە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەردىكى ئوقۇغۇچىلار، مېيىپ ئوقۇغۇچىلارغا «دەل جايىدا» مەبلەغ ياردىمى بېرىش ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئارقىلىق، بىرمۇ ئوقۇغۇچىنىڭ «چۈشۈپ قالماسلىقى»غا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈرلۈك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانلىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا مايىللاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بويىچە ئايرىم پىلاننى يولغا قويۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ مائارىپى تەرەققىياتىنىڭ «تېز سۈرئەتلىك يول»غا كىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈندىكى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى بەش يىلدا توشۇغان يولۇچى 8 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«مەۋقەنى شىنجاڭغا قويۇپ، ياۋروپا ـ ئاسىيانى تۇتاشتۇرۇش»، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى يەنە تىرىشىپ ئۈرۈمچىدىن باشلىنىدىغان خەلقئارا ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تورى بەرپا قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ خەلقئارا ئاۋىياتسىيە تۈگۈنى ۋە ئايرودرومى ئەتراپىي كەسىپ ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، خەلقئارالاشقان ئاۋىياتسىيە شىركىتى بولۇشقا قاراپ پائال قەدەم تاشلىدى. 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى تۇنجى پەسىل خاراكتېرلىك خەلقئارا ساياھەت ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى —— ئۈرۈمچى ـ ئىركۇتسك ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئاچتى ھەم رەسمىي تىجارەت باشلىدى. 2019 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى ئۈرۈمچى ـ ۋۇخەن ـ سىنگاپور ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئېچىپ، شىنجاڭ، خۇبېيدىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى ساياھەتچىلەرنىڭ سىنگاپورغا ساياھەت ھەم سودا ئىشلىرى ئۈچۈن بېرىپ ـ كېلىشىنى قولايلاشتۇرۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركا ئوبرازىنى چەت ئەللەرگە تاراتتى.

خەلقئارالىق تەرەققىياتقا يۈزلىنىش بىلەن بىللە، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش يوللىرىنى ئېچىۋېتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەرنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىياغا پائال يۈزلىنىپ ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلدى، ھازىر رۇسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 30دىن كۆپرەك چەت ئەللىك ئايروپىلان باشلىقى بار.

«بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى تەدرىجىي ھالدا شياڭگاڭ ئاۋىياتسىيە لىنىيەسىنى ئېچىشنى، ياپونىيە قاتارلىق خەلقئارا ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئېچىشنى، ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە ياۋروپا قاتارلىق رايونلار خەلقئارا ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئېچىش سالمىقىنى زورايتىشنى، رۇسىيە، تۈركىيە، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۇچىدىغان خەلقئارا ئاۋىياتسىيە لىنىيەلىرىنى ئېچىشنى پىلانلىدى.

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسىدە B737—800 تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانىدىن 15ى تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، جەمئىي 30 شەھەردە 50كە يېقىن ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى ئېچىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئۈرۈمچى ئاۋىياتسىيەسى «شىنجاڭ ئىچىدە تورلاشقان، شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغان، غول لىنىيە بىلەن تارماق لىنىيە بىرلەشتۈرۈلگەن، ياۋروپا ـ ئاسىيانى تۇتاشتۇرغان» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تورى ئورۇنلاشتۇرمىسىنى زور كۈچ بىلەن بەرپا قىلىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ ھاۋا بوشلۇقى كۆۋرۈكىنى بەرپا قىلىدۇ.